# خەلقئارا قائىدە يىپلىق ياغاچ قونچاق ئەمەس

## —— ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش» ھەققىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈش كېرەك

□جۇڭ شېڭ

بىر قىسىم ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلارنىڭ نەزەرىدە، دۇنيا سەھنىسىدە ئوينىلىۋاتقىنى ئامېرىكىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئويۇنى، خەلقئارا قائىدە ئۇلارنىڭ قولىدىكى يىپلىق ياغاچ قونچاق. سېنارىيەنى قانداق پىلانلاش، ۋەقەلىكنى قانداق راۋاجلاندۇرۇشتا پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ دېگىنى ھېساب، چۈنكى ئۇ ئامېرىكا. شۇنى سوراپ باقايلى، بۇنداق بولغاندا قانداقمۇ ئادىللىقتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ تەستە قولغا كەلگەن خەلقئارا تەرتىپنى يەنە نېمە ئارقىلىق قوغدىغىلى بولسۇن؟

نۆۋەتتە، ۋاشىنگتوندىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بىر تەرەپتىن ئادىل رىقابەتلىشىش پرىنسىپى ئۈستىدە قۇرۇق گەپ ساتسا، يەنە بىر تەرەپتىن «دۆلەت خەۋپسىزلىكى» نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ باشقا دۆلەت كارخانىلىرىغا بېسىم ئىشلەتتى؛ بىر تەرەپتىن «ئەركىن، ئادىل ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان سودا» دەپ جار سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ تەرەپلىك مېخانىزمىدىن بىۋاسىتە ئەگىپ ئۆتۈپ چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئىشلەتتى؛ بىر تەرەپتىن باشقا دۆلەتلەرگە «قائىدىگە رىئايە قىلمىدى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىچكى قائىدىسىنى خەلقئارا قائىدىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى، ھەتتا جۇڭگو، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تاموژنا بېجى چەكلىمىسىگە قارشى تۇرۇش تەدبىرىنى «نامۇۋاپىق قانۇن نەزەرىيەسىنى ئويدۇرۇپ چىققانلىق» دەپ ئەيىبلىدى.

ئامېرىكىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار ھەقىقەتەن بەك كۆپ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىن چېكىنىپ چىقتى، تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەتى كېلىشىمى، كىلىمات ئۆزگىرىشى پارىژ كېلىشىمى، يەر شارىۋى كۆچمەنلەر كېلىشىمى، ئىران يادرو مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك كېلىشىمىدىن چېكىنىپ چىقتى... «قائىدىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا مېخانىزم تەھدىتكە ئۇچرىماقتا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، تەھدىت تۇغدۇرۇۋاتقىنى باشقا دۆلەت ئەمەس، بەلكى مۇشۇ سىستېمىنى بەرپا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان ئامېرىكا.» ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى تۇسكنىڭ خورسىنىشى دۇنيا ئەھلىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى.

دەرۋەقە، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا قائىدىنى ئاساس قىلغان بىر يۈرۈش خەلقئارا تەرتىپنى تۈرتكە بولۇپ ئورناتقان. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار نۆۋەتتىكى خەلقئارا قائىدىنىڭ «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» تەلىپىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئۈستەلنى ئۆرۈۋېتىپ كېتىمىز» دەپ تەھدىت سېلىپ، خەلقئارا تەرتىپنى زورمۇزور كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان «ئورمانلىق قائىدىسى»گە ئايلاندۇرماقچى بولدى.

مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىپ، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلىدى، ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلار خەلقئارا قائىدىنى يىپلىق ياغاچ قونچاق ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكى، نەپسانىيەتچىلىكىنى ئاشكارىلىدى. ئۆز مەنپەئەتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە زورايتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلغان قائىدە سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىشتىن ئايانماي، شەخسىي غەرەز بىلەن دۇنيانى مالىمان قىلدى؛ ساختا چۈمپەردىنى يىرتىشتىن ئايانماي، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى مەڭگۈ كەسپ زەنجىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا قەستلىدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقات دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا ئاللىقاچان ھازىرغا قەدەر دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كېسىمىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئەڭ چوڭ «قائىدىگە بويسۇنمىغۇچى» بولۇپ قالغان، دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم قائىدىگە خىلاپ قىلمىشنىڭ ھەممىسىنى ئامېرىكا كەلتۈرۈپ چىقارغان.

قائىدىنى كۆزگە ئىلماي، ۋاستە تاللىمىدى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار چوڭ دۆلەت ئالاقىسىنى ئۆزئارا كۈچ سىنىشىدىغان نۆل يىغىندىلىق تىركىشىشكە ئايلاندۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز دۈشمەن ئىزدىدى ۋە دۈشمەن پەيدا قىلدى ھەم دۈشمەنىنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق تەھدىتكە ئۇچرىتىش خىيالىغا پېتىپ كەتتى. ئەمما ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنى باشقىلار ئەمەس، بەلكى تەكەببۇر، جاھىل، بىر تەرەپچىللىكنى خالىغانچە يولغا قويۇۋاتقان ئۆزى. خۇددى مالايسىيا زۇڭلىسى ماخاتىر يېقىندا «ئاسىيانىڭ كەلگۈسى» خەلقئارا ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا دەل جايىغا تەگكۈزۈپ كۆرسەتكەندەك: «ئامېرىكا ئۆزى مەڭگۈ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ۋەزىيەتنىڭ بولۇشىنى ئويلايدۇ، ئەگەر مەن(ئامېرىكا) ئالدىنقى قاتاردا تۇرالمىسام، سىنى جازالايمەن، دۆلىتىڭگە ھەربىي پاراخوتى ئەۋەتىمەن، دەيدۇ. بۇ رىقابەت ئەمەس، بۇ تەھدىت».

ئەمما ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئۆزىنى قالتىس ئۈستۈن چاغلاپ، باشقىلارنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قالدى، ھەيۋەتلىك دەۋر ئېقىمىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتمىدى. بۈگۈنكى دۇنيادا، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات، ھەمكارلىق توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ئېقىم، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، يەر شارىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىسىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۇ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ «كۆپ سانلىقلارنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى» ئىكەنلىكىنى، مۇقەررەر ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بىز ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلارنى ئېقىم ۋە قائىدىنى كۆزگە ئىلماي ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىغا قارشى ھەرىكەت قىلماسلىققا دەۋەت قىلىمىز، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئامېرىكا يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ قائىدىنى دەپسەندە قىلىدىغان يالغۇز كىشىلىك ئويۇنى ھېچقانداق ياخشى نامغا ئېرىشەلمەيدۇ. ياپونىيەلىك ئالىم مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكىنىڭ مونوپول ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كارخانىلىرىغا بېسىم قىلىشى «ئويۇن قائىدىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىش»؛ ئامېرىكا پېڭبو ئاگېنتلىقى ئېلان قىلغان باش ماقالىدە «بۇ بىر ئېغىر خاتالىق» دەپ قارالدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئوبزورىدىمۇ ئېتىراپ قىلىندىكى، ئامېرىكا تەرەپ «باشقا دۆلەتلەر بىلەن يېڭى سودا بىتىمى ھاسىل قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئارقىدىنلا بۇ كېلىشىملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ مەقسەتكە يېتىشنى مۇھاكىمە قىلدى». بۇ ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلار شۇنى بايقايدۇكى، قائىدە بىلەن ئوينىشىش ئاخىرىدا ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپ ۋە يولغا قويۇلۇۋاتقان قائىدىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مۇقەررەر ھالدا يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا توسالغۇ بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئۆزئارا ئىشەنچنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، كۈچلۈك بۇزغۇنچىلىق كۈچىگە ئىگە گۇمانىي خەۋپسىرەش، دۈشمەنلىشىشنى بۇرمىسمان ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

قائىدە ئۆزىگە پايدىلىق بولغاندا، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزمەسلىك؛ قائىدە ئۆزىگە پايدىسىز بولغاندا، ئۈستەلنى ئۆرۈپ تاشلاپ كېتىش. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ خەلقئارا قائىدە ئالدىدىكى «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش» ئۇسۇلىنى تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يەنىلا ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان زومىگەرلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھالبۇكى، كىمنىڭ بىلىكىنىڭ توملۇقى، كۈچىنىڭ زورلۇقىدا بەسلىشىدىغان كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، زوراۋانلىق بىلەن قائىدىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، قائىدىنى رېزىنكە لايدەك خالىغانچە يانجىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنغاندا، مۇقەررەر ھالدا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت يولسىزلارغا ھېچكىم يار - يۆلەك بولمايدىغان، ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى ۋەيران قىلىدىغان، ئۆز بېشىغا ئۆزى چىقىدىغان يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى)**



## ئاق ئۆرۈك «ھەممە تەرەپكە يول ئالدى»

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ساياھەتچىلەر بۈگۈر ناھىيەسىنىڭ يېڭىسار بازىرىدىكى مېۋە - چېۋە بازىرىدا ئاق ئۆرۈك سېتىۋالماقتا.

نۆۋەتتە، بۈگۈر ناھىيەسى ھەر كۈنى 100 توننىدىن ئارتۇق ئاق ئۆرۈكنى شىنجاڭ ئىچى - سىرتىغا سېتىۋاتىدۇ. ئاق ئۆرۈكنى ئاساس قىلغان باغۋەنچىلىك بۈگۈر ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان چوڭ تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى.

□ جاڭ خۇيىيۇڭ فوتوسى

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن، قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «پارتلىتىش شاھى» ياڭ گېنسى



ياڭ گېنسىنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ)** جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەيشىڭ شەھىرى گېنسى يېزىسى شۈەنتەي يولى 173 - نومۇرغا بىر قۇربانلار قەبرىستانلىقى جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانى، جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى ياڭ گېنسى خاتىرىلەنگەن. قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدا ياڭ گېنسىنىڭ پارتلاتقۇچ بوغچىنى قۇچاقلاپ، دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ھەيكىلى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

1922 - يىلى، ياڭ گېنسى نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئون يېشىدا پادىچى بولغان، 12 يېشىدا ئاكىسىغا ئەگىشىپ شاڭخەيگە بېرىپ بالا ئىشچى بولغان. 1944 - يىلى، ياڭ گېنسى يېڭى 4 - ئارمىيەگە قاتناشقان، 1945 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئارمىيەگە قاتناشقاندىن كېيىن بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ بولغان، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن خىزمەت كۆرسىتىپ، «پارتلىتىش شاھى» دەپ نام ئالغان.

1950 - يىلى 10 - ئايدا، ياڭ گېنسى جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، چاۋشيەنگە بېرىپ جەڭ قىلغان. شۇ يىلى 11 - ئايدا، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق جېڭىنىڭ شيەنجىڭ نەنداۋدىكى ئامېرىكا ئارمىيەسىنى پارچىلاپ قورشاپ يوقىتىش جېڭىدە، ئەينى چاغدا پىدائىي ئارمىيەنىڭ مەلۇم قىسمىدا ليەنجاڭ بولغان ياڭ گېنسى بۇيرۇققا بىنائەن بىر پەيىنى باشلاپ، شياجيې يولى ئەتراپىدىكى 1071 - ئېگىزلىكنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كىچىك ئېگىزلىكنى ساقلاپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبقا چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە مەسئۇل بولغان.

29 - كۈنى، «كوزىر» قىسىم دەپ ئاتالغان ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ قورۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى 1 - شىسى كىچىك ئېگىزلىككە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان، شىددەتلىك توپ ئوقى كۆپ قىسىم ئىستىھكامنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، ياڭ گېنسى پۈتۈن پەيىنى باشلاپ ئىستىھكاملارنى جىددىي رېمونت قىلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلغان، ئامېرىكا ئارمىيەسى يېقىنلىشىپ 30 مېتىرچە قالغاندا، پۈتۈن پەيىنى باشلاپ ئۇشتۇمتۇت ئوت ئېچىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىنى تېزلىكتە چېكىندۈرگەن. ئارقىدىنلا، ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىككى ليەن ئەسكىرىي كۈچىنى تەشكىللەپ، سەككىز تانكىنىڭ ھىمايىسىدە قايتا ھۇجۇم قوزغىغان، ئۇ جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەن ئارىسىغا باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ كىرىشكە قوماندانلىق قىلىپ، مىلتىق نەيزىسى، مىلتىق پەينىكى، گۈرجەك ئىشلىتىپ دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان.

كەسكىن جەڭدە، يەنە بىر تۈركۈم ئامېرىكا ئەسكىرى تاغ چوققىسىغا يوپۇرۇلۇپ چىققان، ئۇ 7 - بەن ۋە 9 - بەنگە ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، دۈشمەنگە ئۇدۇلدىن زەربە بەرگەن، 8 - بەننىڭ تاغ قاپتىلىدىن دۈشمەن ئارقا سېپىگە بۆسۈپ كىرىشكە قوماندانلىق قىلىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنى يەنە بىر قېتىم چېكىندۈرگەن. ئامېرىكا ئارمىيەسى ھاۋادىن ۋە يەر يۈزىدىن كىچىك ئېگىزلىكنى تەلۋىلەرچە بومباردىمان قىلغان، ئارقىدىن گۇرۇپپىلىق ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇ پۈتۈن پەيگە باشلامچىلىق قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن زەربە بەرگەن، «ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بازىنى ساقلايمىز» دېگەن قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ سەككىز قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئۇدا چېكىندۈرگەن. گىراناتنى ئېتىپ تۈگەتكەن، ئاخىرقى بىر پاي ئوقنى ئېتىپ بولغان، بازىدا ئۆزى ۋە يارىلانغان ئىككى جەڭچىلا قالغان چاغدا، يەنە 40 نەچچە ئامېرىكا ئەسكىرى يامىشىپ تاغ چوققىسىغا يېقىنلاشقان. خەتەرلىك، جىددىي پەيتتە، ئۇ قېپقالغان بىر بوغچا پارتلاتقۇچنى قۇچاقلاپ، پىلتىسىنى تارتىپلا دۈشمەن ئارىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بازىغا يامىشىپ چىقىۋاتقان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى ھالاك قىلغان.

1952 - يىلى، جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ياڭ گېنسىنى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالغان ھەم «ئالاھىدە دەرىجىلىك قەھرىمان» دەپ نام بەرگەن، ئۇ ھايات ۋاقتىدىكى ليەنگە «ياڭ گېنسى ليەنى» دەپ نام بەرگەن. 1953 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق كېڭىشى دائىمىي كومىتېتى ئۇنىڭغا «چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» نامى ۋە ئالتۇن يۇلتۇز مېدالى، 1 - دەرىجىلىك دۆلەت بايرىقى ئوردېنى بەرگەن. جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ سىلىڭيۈەنى پېڭ دېخۇەي بېغىشلىما يېزىپ، ئۇنى «جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى، ئىنتېرناتسىيونالىزمنىڭ ئۇلۇغ جەڭچىسى، پىدائىي ئارمىيەنىڭ ئۆلگىلىك كوماندىرى» دەپ تەرىپلىگەن.

«ئورۇندىغلى بولمايدىغان ۋەزىپە بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، يەڭگىلى بولمايدىغان دۈشمەن بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن.» بۇ، ياڭ گېنسىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى مەيدانىدا ئېيتقان جاراڭلىق كۆرەش قەسىمى ئىدى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، نەچچە مىليون قەبرە سۈپۈرگۈچى ياڭ گېنسى قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنى ئەسلەپ، قەھرىماننىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچ - قۇۋۋىتى ئالدى.

ياڭ گېنسى قەبرىستانلىقى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تاڭ پېڭفېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە قەبرىستانلىق توردا قەبرە سۈپۈرۈش سۇپىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە كىشىلەر ئۆيىدىن چىقمايلا تارىخنى قايتا ئەسلەپ، قەھرىمانى ياد ئېتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەبرىستانلىق قۇربان ياڭ گېنسى ئىشلەتكەن بۇيۇملارنى كەڭ دائىرىدە يىغىپ، كۆرگەزمە مەزمۇننى بېيىتىۋاتىدۇ.

«بىز ئۆلكە دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى، ئۆلكە دەرىجىلىك دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسى بازىسىنىڭ كۆزنەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىزىل بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىپ، قىزىل ھېكايىلەرنى تەشۋىق قىلىمىز» دېدى تاڭ پېڭفېي.

(بېشى 2 - بەتتە)

يەر تەۋرەش ئېلىپ كەلگەن جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىدى، قايتا ئوقۇغان ليۇ مىن ئاخىرى ئارزۇسى بويىچە سىچۈەن داشۆگە ئۆتتى ھەم ئەلا نەتىجە بىلەن نەنجىڭ داشۆگە داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كاپالەت بىلەن ئەۋەتىلدى.

بەزىلەر قەيسەرلىكى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ، بەزىلەر قەيسەرلىكى بىلەن باشقىلارنى قۇتقۇزىدۇ.

لى ئىبرىياڭ، شىئەن مالىيە - ئىقتىساد داشۆسىدىن كەلگەن.

2015 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، لى ئىبرىياڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن جېڭجوۋ شەھىرىدىكى خۇاڭخې دەرياسى 2 - كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر بالىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، مۇزدەك دەريا سۈيىدە، لى ئىبرىياڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىنى قۇتقۇزۇپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن، كېيىن سۇغا سەكرەپ ياردەمگە كەلگەن يەنە بىر ئوقۇغۇچى ۋۇ زۇڭياۋ قايتىپ چىقالمىدى...

2016 - يىلى، لى ئىبرىياڭ قەتئىيلىك بىلەن جېڭجوۋ شەھەرلىك قىزىل كىرېست سۇ ئۈستى خالىس قۇتقۇزۇش ئەترىتىگە كىردى. يازلىق تەتىلدىكى ئىككى ئاي ئىچىدە، ئۇ بىرىنچى سەپ نەق مەيدان قۇتقۇزۇشىغا 12 قېتىم قاتنىشىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن توققۇز ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزدەپ تاپتى.

«مەيلى قانچىلىك كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەركەتنىڭ كۈچىگە ئىشىنىش كېرەك!» دېدى لى ئىبرىياڭ.

### ■ ياشلىق قىزغىنلىقى بىلەن ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش

يۈ جېپىڭ، چىڭخۇا داشۆدىن كەلگەن.

قىزىقىش ئەڭ ياخشى ئۇستاز، بۇ سۆزنى يۈ جېپىڭغا ئىشلەتسەك ئېھتىمال ئەڭ ماس كېلىدۇ.

2015 - يىلى، ئەمدىلا چىڭخۇا داشۆگە ئوقۇشقا كىرگەن يۈ جېپىڭ چىڭخۇا داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ھېسابلاش كوللېكتىپىنىڭ ئۈچ چوڭ خەلقئارالىق مۇسابىقىنىڭ ھەممىسىدە «تولۇق نومۇرغا ئېرىشكەنلىك» خەۋىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا بۇ پەنگە نىسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا بولدى.

2017 - يىلى، ئۇ چىڭخۇا داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ھېسابلاش كوللېكتىپىغا قاتناشتى، 2018 - يىلى ئەترەت باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەترەتنى باشلاپ تولۇق ئۈچ مەيدان ئادەتتىن تاشقىرى ھېسابلاش خەلقئارا مۇسابىقىسىگە قاتناشتى ھەم ھەممىسىدە چېمپىيون بولدى.

ئىلىم - پەن گۈزەللىكى مۇسابىقە مەيدانىدا چاقنىدى، شۇنداقلا تەجرىبىخانىدىمۇ گۈزەل نۇرلارنى چاچماقتا.

ليۇ يى، سىچۈەن داشۆدىن كەلگەن.

يېقىنقى ئۈچ يىلدا 23 پارچە ئىلمىي ماقالىسى SCIغا كىرگۈزۈلدى؛ سەككىز تۈرلۈك دۆلەت كەشپىيات پاتېنتىغا ھوقۇق بېرىلدى ۋە ئاشكارىلاندى، ئالتە تۈرگە يۇمشاق دېتال ئەسەر ھوقۇقى بېرىلدى؛ مەزكۇر كەسپتىكى نوپۇزلۇق SCI ژۇرنىلىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىسى بولدى؛ مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر 40تىن ئاشتى...

بۇ شان - شەرەپلەرنىڭ ھەممىسى ليۇ يىغا تەۋە، «چىدامچانلىق بىلەن قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئۇيۇل تاشقا نەقىش ئويغاندەك ئىز قالدۇرۇش»تەك ئىلمىي تەتقىقات پوزىتسىيەسىگە تايىنىپ، تېخى ئوقۇغۇچى تۇرۇپلا، ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى داگاڭشەن، بەيخېتەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىتىلدى.

لو سۇڭ، جۇڭگو پەن - تېخنىكا داشۆسىدىن كەلگەن.

2014 - يىلى، لو سۇڭ كەسپتە بىرىنچى ئورۇنغا تىزىلىش، ئون پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ بىرىنچى ئاپتورى بولۇشتەك نەتىجىسى بىلەن جۇڭگو پەن - تېخنىكا داشۆسىگە كاپالەت بىلەن ئەۋەتىلىپ، ئۆزى قىزىقىدىغان يېڭى ئېنېرگىيە يۆنىلىشى تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ ۋېلسىپت مىنگەندە ئادەم بەدىنى تارقىتىدىغان ئىسسىقلىقتىن پايدىلىنىپ توك ئىشلەپچىقىرىشنى ھەم ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئاگاھلاندۇرىدىغان ئۆزى توك چىقىرىدىغان بىخەتەرلىك قالپىقىنى كەشپ قىلدى. بۇ ئەسەر 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە پەن - تېخنىكا مۇسابىقىسىدە مەملىكەتلىك ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 45 - نۆۋەتلىك جەنۋە خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئۆتكۈر پەن - تېخنىكىنىڭ يەنە ‹يۇقىرى، سوغۇق› بولۇشىغا خاتىمە بېرىپ، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش بىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزدىكى ئەسلىي مەقسىتىمىزدۇر» دېدى لو سۇڭ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)